## 12796 ـ كەش ياكى پايپاقا قانداق مەسھ قىلىندۇ ( سۈرتىلىدۇ )

### سۇئال

مىنىڭ سۇئالىم پاك ھالەتتە پايپاقلارغا مەسھ قىلىش ھەققىدىكى ھەدىيس بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، ئىبنۇ خۇزەيمە سەفۋان بىن ئەسسالدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىيسكە ئاساسەن مۇنداق دىگەن : " پەيغەمبەر( ئالالاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) بىزنى كەشىمىزنى پاك ھالەتتە كەيگەن بولساق ، مۇساپىرنىڭ ئۈچ كۈن ، مۇقىم كىشىنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭغا مەسھ قىلىشقا بۇيرىدى . " مىنىڭ سۇئالىم بولسا : ھەدىيستىكى بىر كېچە ـ كۈندۈزنى 24 سائەت دەپ پەرەز قىلىشقا بولامدۇ ؟ ئىككىنچىسى ، قانداق بىر ۋاقىتتا بولسۇن پاك ھالەتتە پايپاقلىرىمنى كىيىپ ، ئاندىن 24 سائەت مۇددەتكىچە تاھارەت ئالغىنىمدا ئۇنىڭغا مەسھ قىلىمەنمۇ ؟ مەسىلەن ، مەلۇم بىر كۈنى كەچ سائەت 11دە پايپاقلىرىمنى كىيىپ ، ئاندىن ئىككىنچى كۈنى كەچ سائەت 11گىچە تاھارەت ئالغاندا ئۇنىڭغا مەسىھ قىلسام بولامدۇ ؟ شۇنىڭدەك ، پايپاقنىڭ قايسى قىسمىغا مەسىھ قىلىنىدىغانلىقىنى دەپ بەرسەڭلار ؟ بىلىمەنكى ، پايپاقنىڭ ئاستىغا مەسھ قىلىشقا بولمايدۇ . لىكىن پايپاقنىڭ ئىككى يېنى ، كەينى ۋە ئۈستىگە مەسىھ قىلىشىمىز ۋاجىپمۇ ؟ جاۋاپىقا ئىپرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن ، چۈنكى بۇ تۇرمۇشۇمنى تولىمۇ ئاسان قىلالتتى . شۇنىڭدەك تېرەمدە زىيادە سەزگۈرلۈك بار . بۇ ئىشقا سەل قارىسام ، مىنى كۆپ ۋەسۋەسىگە ۋە رازى بولماسلىققا ئىلىپ بارىدۇ .

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئالالاھقا بولسۇن .

كەشكە ياكى پايپاقا مەسھ قىلىش ۋاقتىنىڭ باشلىنىشىغا كەلسەك ، ئۇ كەشنى بىرىنچى قىتىم كەيگەندىن باشلانماستىن ، بەلكى تاھارەتسىزلىكتىن كىيىن مەسھ قىلىنغان بىرىنچى قىتىمدىن باشلىنىدۇ . 9640 ــ سۇئالنىڭ جاۋابىغا قاراڭ .

مەسىھنىڭ قانداق بولۇشىغا كەلسەك :" سۇ بىلەن ھۆللەنگەن ئىككى قولنىڭ بارماقلىرى ئىككى پۇت بارماقلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ ئاندىن پاچاققىچە سۈرۈپ ماڭدۇرلىدۇ ، ئوڭ پۇت ئوڭ قول بىلەن ، سول پۇت سول قول بىلەن مەسھ قىلىنىدۇ . مەسھ قىلغاندا بارماقلار ئىچىلىدۇ ، مەسھ قىلىش تەكرارلانمايدۇ ."

[ الملخص الفقهي للفوزان 1/43 ] كە قاراڭ .

پىشىۋا ئىبنۇ ئۇسەيمىين مۇنداق دىگەن : " يەنى ، مەسھ قىلىنىدىغان ئورۇن بولسا كەشنىڭ ئۈستى قىسمى بولۇپ ، قول پۇت بارماقلىرىدىن پاچاققىچىلا ماڭدۇرلىدۇ . ھەمدە مەسھ قىلىش ھەر ئىككى قول بىلەن ھەر ئىككى پۇتقا بىرلىكتە قىلىنىدۇ ، يەنى ئوڭ قول ئوڭ پۇتنى سۈرتىدۇ ، ھەمدە بىر ۋاقىتتا سول قول سول پۇتنى سۈرتىدۇ ، خۇددى ئىككى قۇلاقنى سۈرتكەندەك .

چۈنكى بۇ بولسا سۈننەتنىڭ ئاشكارا مەنىسى . يەنى مۇغىيرە بىن شۇئبىبەنىڭ سۆزى : ئىككىلىسىگە مەسىھ قىلدى بولغاچقا ، ھەمدە ئۇ ئوڭ پۇت بىلەن باشلىدى دىمىدى ، بەلكى : ئىككىلىسىگە مەسىھ قىلدى ، دىدى . سۈننەتنىڭ ئاشكارا مەنىسى مانا مۇشۇ . شۇنداق ، ناۋادا بىر كىشىنىڭ بىر قولى ئىشلىمەيدۇ دەپ پەرەز قىلىنسا ، ئۇنداقتا ئۇ سولدىن بۇرۇن ئوڭنى باشلايدۇ . نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھەر ئىككى قولى بىلەن ئوڭ پۇتنى ، ۋە ھەر ئىككى قولى بىلەن سول پۇتنى سۆرتىدۇ ،مىنىڭ بىلىشىمچە بۇنىڭ ئاساسى يوق . . . ھەمدە كەشىنىڭ ئۈستى قانداق شەكىلدە سۆرتۈلسە ، ئۇ يىتەرلىك . بىراق بىزنىڭ بۇ دىگىنىمىز بولسا ئەۋزەلى . "

[ انظر فتاوى المرأة المسلمة ج/1 ص/250 ] كە قاراڭ .

كەشىنىڭ ئىككى يىنىغا ۋە كەينىگە مەسىھ قىلىنمايدۇ ، چۈنكى ئۇنى سۆرتۈش ھەققىدە ھىچ نەرسە كەلمىگەن .

پىشىۋا ئىبنۇ ئۇسەيمىين مۇنداق دىگەن : " بەزىلەر : كەشىنىڭ ياكى پايپاقنىڭ ئاستى سۆرتىلىشى كىرەك ، چۈنكى ئۇ ئاسان كىر ۋە مەينەت بولىدۇ ، دىيىش مۇمكىن . بىراق بىز ئۇ ھەقتە ئويلانساق ، پايپاق ئۈستىنىڭ سۆرتىلىشى بەكرەك ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىنى بايقايمىز ، چۈنكى بۇ سۆرتۈشىنىڭ مەقسىتى تازلاش ئەمەس ، بەلكى ئۇ بىر ئىبادەت . ئەگەر بىز پايپاقنىڭ ئاستىنى سۆرتىدىغان بولساق ، ئۇنى تىخىمۇ مەينەت قىلىۋىتىدۇ ."

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .

[ الشرح الممتع لابن عثيمين ج/1 ص/213. ] كە قاراڭ .